# شىنجاڭ گېزىتى

新 疆 日 报
(维文)

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش
نومۇرى CN 65 — 0002/Z
(ۋەكالەت نومۇرى 1 — 57)
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (بۈگۈن 6 بەت)

1991 - يىل
ماي
10
جۈمە


## ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆتكەن يىل ئارتۇق سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 560 مىليون كىلوگىرامدىن ئاشتى

ئۈز مۇخبىرلىرىمىز ۋۇ شۈەن، پېڭ ۋېنمىڭ خەۋەر قىلدۇ: 1990 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاختاي باھاسى ۋە كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغان ئاشلىقى 2 مىليارد 267 مىليون 540 مىڭ كىلوگىرامغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 565 مىليون 230 مىڭ كىلوگىرام ئاشتى. بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ھوسۇل ئېشىپ كۆپەيگەن 500 مىليون كىلوگىرامدىن ئارتۇق ئاشلىق تولۇق سېتىۋېلىنىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشتى.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى دېھقانلارنىڭ «ئاشلىق سېتىشى قىيىن بولۇش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەر قايسى تەرەپلەردىكى كۈچلەرنى ماسلاشتۇرۇپ، بۆلەكلەرگە ئايرىپ ھۆددىگە بېرىش، قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇل بولۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى ئامبار يېتىشمەسلىك، ۋاقىت قىس، ئادەم ئاز بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىچكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، سېتىۋېلىش تور - نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىپ، تىجارەت ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، دېھقانلارغا ياخشى مۇلازىمەت قىلدى.





## قەھرىمانلار بولدى جەم،
## نېفىتلىكتە قىلدى جەڭ



← يۈيمېن نېفىت ئىدارىسىنىڭ «32639» بۇرغىلاش ئەترىتى بىرلەشمە جەڭدە 11 سائەت 15 مىنۇتتا يۆتكەپ كېلىنىپ، قۇراشتۇرۇلۇپ، بۇرغىلاشنى باشلاش رېكورتىنى يارىتىپ، قوماندانلىق شتابىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

↑ ئەچچە ئۈنىملىك تونىنا نېفىت ئىشلەپچىقىرىشقا ئېھتىياجلىق ماددىي ئەشيالار ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن پىچان ۋوگزالىغا توشۇپ كېلىنمەكتە.



پىچان، ئېدىر، ئىلانلىق، ۋېنجىساڭدىن ئىبارەت تۆت يېڭى نېفىتلىكنىڭ تېپىلىشى ۋە ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىدا نېفىتلىك جارلاش - ئېچىش بىرلەشمە جېڭى بۇ يىل يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ھازىر مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن نېفىتچىلار قوشۇنىدىكى تەخمىنەن 12 مىڭ كىشى بۇ يەرگە جەم بولۇپ، كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلماقتا. ئىلگىرىلىكى قاقاس چۆللۈكتە بۈگۈن ... قاتار - قاتار بورىنىيلار تىك كۆتۈرۈلۈپ، بۇرغىلاش ماشىنىلىرىنىڭ ئاۋازى بىر - جاھاننى زىلزىلىگە سالماقتا. تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك جارلاش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى يېڭى تۈزۈلمە، يېڭى تېخنىكا،

